# شنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي
7
پەيشەنبە
维吾尔文 5 月 7 日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25054 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت


# بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىپ 310 مىڭغا يېقىن ئائىلىگە نەپ يەتكۈزىدۇ

## ئاھالىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن «زاكازلىق» ئۆزگەرتىش يولىغا قويۇلىدۇ

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھپە

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش، داۋاملىق قۇرۇش تۈرىدە 788 ئولتۇراق رايون، 116 مىڭ 300 ئائىلە بار ئىكەن؛ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈردە 1090 ئولتۇراق رايون، 193 مىڭ 400 ئائىلە بار ئىكەن. ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ ھەممىسىدە 6 ـ ئايدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش باشلاش پىلانلانغان. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە، داۋاملىق قۇرۇش تۈرىدە ئىش باشلانغان ئائىلە 96 مىڭ 400، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈردە ئىش باشلانغان ئائىلە 29 مىڭ 200 بولغان.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونىنى گۇمۇدى غەربىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى

## دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەتقىق قىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەتقىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خۇبېي قاتارلىق يۇقۇم ئېغىر رايونلارغا يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى خۇبېي خەلقى ۋە ۋۇخەن خەلقى بىلەن مۇرنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، ماددىي ئەشيا كاپالىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئەڭ زور كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ تارقىلىشنى كونترول قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنى تىرىشىپ ساقلاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاستىدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشىمىزغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 85 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

# مۇشۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 16 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 85 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ قېتىملىق يىغىنىنى مۇشۇ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 16 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرىسىدىكى پىكىر قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ قېتىملىق يىغىنىدا

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




# بۇزاق يېزىسىدىكى كەچلىك بازاردا تىجارەت باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياڭ شۇخەن ئىختىيارىي مۇخبىر لى جىنيۈەن

«مەن كۈندۈزى مېۋە ـ چېۋە ساتىمەن، كەچتە كاۋاپ ساتىمەن، كۈندىلىك ساپ كىرىمىم 500 يۈەندىن ئاشىدۇ.» 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچ سائەت 10دا، خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسىدىكى كەچلىك بازاردا، 40 ياشلىق يايما ئىگىسى روزىمەمەت مەتتۇرسۇن خېرىدار بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

بۇ، بۇزاق يېزىسىدىكى كەچلىك بازار ئېچىلغان 3 ـ كۈنى بولۇپ، كەچلىك بازارنىڭ تەرتىپلىك ھالدا تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇزاق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى كەنت ئاھالىلىرىنى ماسكا تاقاشقا، ئارىلىق ساقلاشقا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلۇشنى تېزلەتمەكتە

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىۋ فېڭباۋ، ما يىنىڭ خەۋەر قىلىدۇ: «1 ـ ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش قىلىشنى توختاتمىدى، قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈر قۇرۇلۇشنى تېزلەتتى.

«دەم ئېلىش مەزگىلىدە بىز ئارام ئالمىدۇق، بارلىق خادىملار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسمىنا قوشۇپ ۋاقىتنى ئۇزارتىپ قۇرۇلۇش مۇددىتىگە ئالدىراپ، تۈرلەردە بالدۇرراق قۇرۇلۇشنى تاماملاشنى قولغا كەلتۈردۇق» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، G30 شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گوەن چېڭجياڭ. شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلەك شىنجاڭ تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك يولىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك سۈرئىتى ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان ـ چىقىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ قاتناش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ تۈردە 2018 ـ يىلى پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئىش باشلانغان بولۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



پۈتۈن كۈچ بىلەن سۈرئەت قوغلىشىش

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قومۇل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئايلانما ئىقتىساد كەسپلەر باغچە رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ شياڭشېڭ يېڭى ماتېرىيال پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا، ئىشچىلار لىنىيەدىن ئەمدىلا چۈشۈرۈلگەن تىتان قېتىشمىسى تاختاي ماتېرىيالنى ئېسىپ توشۇماقتا. نۆۋەتتە، بۇ شىركەتنىڭ مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانغا يېتىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى. □ سەي زېڭلى فوتوسى

# ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قەدىمى توختىمايدۇ  ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش داۋاملاشماقتا

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپى** خەۋەر قىلىدۇ: «بىز ئىسلاھاتنىڭ كىرىش نۇقتىسى، كۆچەش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، يېڭى نىشاننى بېكىتىپ، بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتتا ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.» 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلاھات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ شىجۈن مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايون يەتتە ساھە، 32 جەھەتتىكى نۇقتىلىق ساھەنىڭ ئىسلاھاتىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ئاچقۇچلۇق «بوغما ھالەت»نى بۆسۈپ، ئاچقۇچلۇق ساھەلەرنى بەرپا قىلىپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى يۇكسەلدۈرىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز مەركەز ئورۇنلاشتۇرما قىلغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، يەنە داۋاملىق تۈردە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا كۈچ سەرپ قىلىدىكەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

«1 ـ ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە

# شىنجاڭ تۆمۈريولىدا يولۇچىلار ئېقىمى قايتا كۆپەيدى

## 430 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىن يولۇچى توشۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىۋ فېڭباۋنىڭ** جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، «1 ـ ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا جەمئىي 429 مىڭ 200 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇلغان، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71 مىڭ 500 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇلغان.

شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ «1 ـ ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى توشۇش ۋاقتى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، جەمئىي ئالتە كۈن. يولۇچىلار ئېقىمىنىڭ يۇقىرى پەللە كۈنى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كۆرۈلدى، توشۇلغان يولۇچى 86 مىڭ 700 ئادەم قېتىم بولۇپ، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان بىر كۈندىكى يولۇچى توشۇش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئىچىدە «ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىش»نىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۆستى

## جەمئىي توشۇلغان يولۇچى 260 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يەنىڭنىڭ** شىنجاڭ ئايرودۇرۇم گۇرۇھىدىن ئىگىلىشىچە، «1 ـ ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئايرودۇرۇملار جەمئىي 266 مىڭ 300 ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇغان، شىنجاڭ ئىچى ساياھىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىدا توشۇلغان يولۇچى 145 مىڭ 100 ئادەم قېتىم بولۇپ، يولۇچىلارنىڭ سەپەرگە چىقىشىدا نىسبەتەن روشەن ھالدا «ئالدىنقى ۋە ئاخىرقى مەزگىلدە كۆپ بولۇش، ئارىلىقتا ئاز بولۇش» ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. ئەڭ يۇقىرى پەللە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بولۇپ، پورتقا كىرىش ـ چىقىش مىقدارى 33 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)